# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 4 - ماي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

چېن چۈەنگو پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ياشلارنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئۆزلەشتۈرۈپ، باش شۇجىنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگو ياشلىرىغا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ 4 - ماي روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا شەخسىي غايە ئىنتىلىشىنى گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەلىيىتىگە يۇغۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋرگە مۇناسىپ ياشلىقنىڭ يارقىن سەھىپىسىنى پۈتۈشنى ئۈمىد قىلدى. بىرىنچى، تىرىشىپ ئۇلۇغۋار غايە ۋە ئورتاق غايىگە قەتئىي ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، ئاڭلىق ھالدا كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسىنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنى چىڭ تۇتۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭ تۇتۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، تىرىشىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنىڭ سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قەتئىي ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش كېرەك؛ ئۈچىنچى، تىرىشىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرىدىن بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، دىنلارنىڭ ئېجىل - ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى تۈرلۈك ئىشلارغا پائال ئاتلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، نەتىجىلەرنى نامايان قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچى، تىرىشىپ ياشلىق ئارزۇسىغا ئىنتىلىشنىڭ ئارمانسىز پۈتكۈچىلىرىدىن بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئىلگىرىلىگۈچىلەر، يول ئاچقۇچىلار، تۆھپە قوشقۇچىلاردىن بولۇپ، كىشىلىك ھاياتتىكى مېھىر - مۇھەببەتنى ۋەتەن چېگراسىغا بېغىشلاپ، ھەر مىللەت خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىپ تالانتىنى نامايان قىلىپ، تۆھپە قوشۇپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش كېرەك؛ بەشىنچى، تىرىشىپ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ قەيسەرلىك بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقۇچىلاردىن بولۇپ، ئۆگىنىشتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەتنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، ئادەمىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئالتىنچى، تىرىشىپ ئىنتايىن كۆيۈمچان، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىك، چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتلىك ئەخلاق يېتەكچىلىرىدىن بولۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئاڭلىق ھالدا تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنى تونۇپ، ئومۇمىي ئەخلاققا رىئايە قىلىپ، شەخسىي ئەخلاقنى چېنىقتۇرۇپ، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ مەنزىللىك، تېخىمۇ سەۋىيەلىك كىشىلىك ھاياتقا ئىنتىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر، ھەرقايسى تارماقلار، ھەر قايسى ئورۇنلار ھەم جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ياشلار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ياشلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ياخشى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، مۇنەۋۋەر ياشلار ۋەكىللىرى ۋە مۇنەۋۋەر ياش خىزمەتچىلەرنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ياشلارنىڭ ئارزۇسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ياشلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللاپ، ياشلار خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىشى، تۆھپە قوشۇپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇل يولداشلىرى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ياشلار ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنغا قاتناشتى.

# ياشلىق باھارىمىز بىلەن گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

## ■ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ياشلىق باھارىدىن ئۆكۈنمەسلىك

ياشلار ئىرادىلىك بولۇپ يىراقلارغا نەزەر سالغاندىلا، ئاندىن جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغىتالايدۇ، ياشلىق دەۋرى رولسىز كېمىدەك لەيلەپ قالمايدۇ.

«16 يىل ئىلگىرى، مەن ۋە 100دىن ئارتۇق پېدائىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەربىي رايون پېدائىيلار مۇلازىمەتى پىلانى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ‹غەربىي رايون پىلانى› دېيىلىدۇ)غا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئىللىق تۇپراقتا تىرىشىپ ئىشلەپ ھوسۇل ئېلىپ، ياشلىقىمىز ۋە تەرىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان ياشلىق خاتىرىسىنى يېزىپ چىقتۇق. 16 يىل مابەينىدە، غەربىي رايون پىلانىغا قاتناشقان 21 مىڭ پېدائىي بىزنىڭ ئىزىمىزنى بويلاپ، ۋەتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا جەم بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى ياشلىق ناخشىسىنى بىرلىكتە ياڭراتتى» ھازىر ئۇلۇغچات ناھىيەلىك ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش، پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت مەركىزىدە ئىشلەيدىغان خۇاڭ خۇي 2003 - يىلى شىنجاڭدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى غەربىي رايون پىلانىنىڭ پېدائىيلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلۇغچات ناھىيەسىدە 16 يىل خىزمەت قىلىپ، تۇرمۇش كەچۈردى، ئۇ مۇنداق دېدى: «كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ ئىرادىلىك ياشلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىپ، كۈچ ئۇلاپ، شىنجاڭدا توغراقتەك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭنىڭ كەڭ زېمىنىدا كۈرەش قىلىپ ئارمانسىز ياشلىق دەۋرىنى پۈتۈپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن».

تىرىشچانلار مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، گۈزەل تۇرمۇش ئەمگەك ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. 2019 - يىلى مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن خۇاڭ ۋېي 33 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، دادىل ئىزدىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئادەتتىكى ئىشچىدىن كەسىپ ساھەسىدىكى «سەركە»گە ئايلىنىشتەك كېپىنەكسىمان ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ ئۇنىڭ كەسىپكە ھارماي - تالماي ئىنتىلىشىنىڭ نەتىجىسى. ھازىر جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھى غەربىي رايون تۇرۇبا يولى شىركىتىنىڭ ئالىي تېخنىكى خۇاڭ ۋېي مۇنداق دېدى: «قەلبكە ئارزۇنى پۈككۈپ، ئارزۇغا دادىل ئىنتىلگەندىلا، ئارزۇ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ، شەخسنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچ قوشقىلى بولىدۇ».

خۇددى باش شۇجى ئېيتقاندەك: «كۈرەش قىلىش پەقەت جاراڭلىق شوئارلا ئەمەس، بەلكى ھەربىر كىچىك ئىشنى ياخشى قىلىش، ھەربىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش، ھەربىر مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش داۋامىدا روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر».

## ■ بىرلىكتە كۈرەش قىلىش تۆھپە قوشۇش ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش

بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇزۇن سەپىرى بولىدۇ، بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىر مەيدان كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش.

ياش ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ياش كارخانىچىلار، ياش پېدائىيلار... شىنجاڭدا يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى؛ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭدا ھەر مىللەت ياشلار شىددەتلىك ئېقىندەك باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلىدى.

«بىزنىڭ ياشلار ئۈچۈن ياخشى نەتىجە يارىتىش ئىرادىمىز بار، شۇنداقلا ھازىرقى ياش بىر ئەۋلادنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ ياخشى نەتىجە يارىتىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاراڭلىق سۆزلىرى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.» شىنجاڭ داشۆسى 2019 - يىللىق ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئاسپىرانتلارنىڭ يېتەكچىسى ئابدۇرەپىقەت رۇستەم مۇنداق دېدى: «ياش بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھاياتىمىزنى قەدىرلەپ، ياشلىق باھارىمىزنى بەھۇدە ئۆتكۈزمەي، ئۆگىنىشتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىپ، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەتنى تىرىشىپ ئىگىلىشىمىز، ئۆگىنىش داۋامىدا بىلىمىمىزنى ئاشۇرۇپ، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىدىغان جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگۈچىلەر، يول ئاچقۇچىلار، تۆھپە قوشقۇچىلاردىن بولۇپ، كىشىلىك ھاياتىمىزنى ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىغا بېغىشلاپ، ھەر مىللەت خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان جايلاردا تالانتىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆھپە قوشۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز كېرەك.»

ياشلار پۈتكۈل ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە كۈچ، دۆلەتنىڭ ئۈمىدى ياشلاردا، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ياشلاردا. يېڭى دەۋردە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار خۇددى ھاياتىي كۈچكە تولغان كۆچەتلەرگە ئوخشاش، پارتىيەنىڭ قۇياشتەك ئىللىق نۇرى ئاستىدا، باھار شاملىنىڭ پەپىلىشىدە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

(بېشى 1 - بەتتە)

«خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.» قەشقەردىن ئۈرۈمچىگىچە، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن سۆزلىشىشتىن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكىچە، باش شۇجى قايتا - قايتا مۇنداق تەكىتلىدى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات - ئىلگىرىلەشنىڭ ئۇل تېشى» «شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئەڭ قىيىن، ئەڭ ئۇزاققا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى يەنىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى».

باش شۇجى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نۆۋەتتە شىنجاڭدا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى مۇھىتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئاز بولمىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىك كۆرۈلدى، بۇ بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېجىل - ئىناق ئۆتۈشى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى، ئىناق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرۇش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىللىق مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن»دىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى دىلنار مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قانچە ئەزاسى بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ناخشا ئىجاد قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بىردەك بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يېڭى ناخشا تېكىستى يېزىپ چىقىلدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تىلغا ئالغاندا، دىلنار چوڭقۇر تەسىراتىنى سۆزلىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ھەر مىللەت دوستلىرى بىلەن بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ياشاپ، بىللە خىزمەت قىلىپ، ھەر مىللەت ئامما ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغان، ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئارىسىدىن كېلىپ، خەلق ئارىسىغا بارىدىغانلىقىدەك داۋلىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. «ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇپ، ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى كېرەك» دېدى ئۇ.

دىلنارنىڭ ئىشخانىسىدىكى كىتاب ئىشكاپىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە بىر پارچە سۈرەت قويۇلغانىدى. بۇ ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇغقىنى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتى ئىكەن. «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش› پائالىيىتى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلب رىشتىسىنى تۇتاشتۇردى» دېدى ئۇ.

بۇ بەش يىلدا، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يارقىن مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ناملىق پائالىيەت بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، تۇغقانلىرىنى يوقلىدى، قايتا - قايتا سەممىي پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، قايتا - قايتا ئۆزئارا ياردەم بېرىش جەريانىدا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش قەدىمى تېخىمۇ پۇختا، كۈچلۈك بېسىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا پورەكلەپ ئېچىلدى.

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 1 مىليون 120 مىڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 690 مىڭ ئائىلىلىك ھەر مىللەت ئاممىا بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولدى، ئۇلار تاماقتا، يېتىپ قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ جان تومۇرىنى ئورتاق قوغدىماقتا.

**[مۇخبىرنىڭ تەسىراتى]** كېمىنىڭ كۈچى يەلكەندە، ئادەمنىڭ كۈچى قەلبتە. چىن ھېسسىيات سىڭدۈرۈلسە كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتقىلى بولىدۇ. شىنجاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەر بىر - بىرىگە ھەقىقىي مېھرىنى بېرىپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشسا، ئاندىن تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

## ■ «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىش مەنىۋى ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش

**[تيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى]** باش شۇجىنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانلاردىن يەنە «زامانىمىزدىكى لېي فېڭ» دەپ نام بېرىلگەن قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى دوختۇرخانىسىنىڭ پەخرىي دوختۇرخانا باشلىقى جۇاڭ شىخۇامۇ بار. شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، جۇاڭ شىخۇا نۇرغۇن ھەر مىللەت ئاغرىقلارنى داۋالاپ ساقايتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئاغرىقلار مىللەتكە ئايرىلمايدۇ، دوختۇر ھەممىگە بىردەك قارايدۇ، پەقەت ھەرقايسى مىللەتلەر بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، بىر مەقسەتتە بولۇپ، بىرلىكتە كۈچىگەندىلا، ئاندىن ۋەتەننىڭ شىنجاڭنى بارغانسېرى گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

2014 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، جۇاڭ شىخۇا ئۈرۈمچىدە باش شۇجىنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. بەش يىل ئۆتتۈپ كەتتى، شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىكى كىچىك ئىشلار ھازىرمۇ ئۇنىڭ يادىدا، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ باش شۇجىنىڭ شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تاپشۇرۇقىنى قەلبىدە چىڭ ساقلىدى.

«ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى، ‹ھەرقايسى مىللەتلەر ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشى كېرەك› دېگەن سۆز.» جۇاڭ شىخۇانىڭ ئېيتىشىچە، دوختۇرخانا ھەر يىلى كۆپ تۈركۈمدە داۋالاش ئەترىتىنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى خالىس داۋالاشقا ئەۋەتكەن. بەش يىلدىن بۇيان، ئۇ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغانلىقى، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىتتىپاقلىقنى قوغدىغانلىقىدەك سانسىز كۆرۈنۈشنى كۆرگەن، «مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، باش شۇجىنىڭ غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى بىر يېڭى پەللىگە قەدەم قويدى» دېدى ئۇ.

بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا، ھەرقايسى جايلار سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ۋە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشماقتا. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭخۇا مىللىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كىچىك ئېقىنلىرىنى دېڭىزغا ئايلاندۇردى...

«ھەربىر كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلەردىن بولۇشى كېرەك، ھەر مىللەت ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئورتاق يۈكسەلگەندىلا، قول تۇتۇشۇپ ئىتتىپاق، ئىناق، گۈللەنگەن، ئاۋات - باي، مەدەنىي، ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقالايدۇ» دېدى جۇاڭ شىخۇا.

**[مۇخبىرنىڭ تەسىراتى]** بىر تۈپ كۆچەت تىككەندە، يېشىللىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھەربىر كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئىلگىرى سۈرگۈچىسى، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولغاندا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات - ئىلگىرىلەشنىڭ ئۇل تېشى بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

## ■ ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە

**[تيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى]** 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 1 - شىسى 13 - تۇەنى 11 - ليەننىڭ خىزمەتچىسى يوۋ لياڭيىڭ يېقىندىلا 7 - نۆۋەتلىك چېڭدۇ خەلقئارا شەھەر زامانىۋى يېزا ئىگىلىك يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ‹يوۋزاۋ› چىلىنىمىز ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلار ئىچىدە ئەڭ ئوبدان سېتىلدى».

بۇ بىر قانچە يىلدا، يوۋ لياڭيىڭ بىلەن گوما ناھىيەسىدىكى دېھقان مەھمەتتۇرۇپ مۇساننىڭ بىر تۇغقان ئاچا - ئىنىدەك بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا تارالدى. يوۋ لياڭيىڭ مەھمەتتۇرۇپنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، يەنە تۇەن - مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىشىپ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، ‹يوۋ لياڭيىڭ› چىلىنىنىڭ ماركىسىنى ئەنگە ئالدۇرۇپ، ئەتراپتىكى ھەر مىللەت ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلىدى.

ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە. بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ زېمىنىدا بىر - بىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشقان مېھىرلىك كۆرۈنۈشلىرى بارلىققا كەلدى، بۇلار ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشماقتا.

قۇربان نىياز ئون نەچچە يىل بوشاشماي جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بالىلارنىڭ قەلبىگە كىچىكىدىن باشلاپلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئۇنىڭغا ئىسلاھات ئاۋانگارتى دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى» دەپ ئاتىدى.

خانئايشەم ئەنۋەر بىلەن مېھرىگۈل ئەنۋەر ئاچا - سىڭىل باش شۇجىغا «بىر نىيەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كەشتىنى تەقدىم قىلىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار كەشتىچىلىك ئىشلىرىنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئاكتىپ كۈچنى تارقاتتى.

قۇربان تۇلۇم تاغىنىڭ ئەۋلادى، كېرىيە ناھىيەسى قۇربان تۇلۇم خاتىرە سارىيىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى رۇقىيەم مەتسەيدى ھەركۈنى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە ئۆز ئائىلىسىدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە ئالاقىدار ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ، پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئاكتىپ كۈچىنى تارقاتماقتا.

......

كۆپچىلىك بىر نىيەتتە بولسا، تەيشەن تېغىنىمۇ يۆتكىيەلەيدۇ. بەش يىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ، تەرەققىيات قەدىمى تېخىمۇ پۇختا بېسىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىز قول تۇتۇشۇپ، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە قاراپ يۈرۈش قىلماقتا.

**[مۇخبىرنىڭ تەسىراتى]** ئەلرايى ئەڭ چوڭ سىياسىي. پەقەت ھەر مىللەت خەلقى قەلبداش بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلغاندىلا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى چوقۇم مۇجەسسەملىيەلەيدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: تۆت بەتتىنىڭ 0.5 يۈەن، سەككىز بەتتىنىڭ بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)